# كىمكى تاھارىتىنى كامىل ئېلىپ، جۈمەگە كېلىپ جىم ئولتۇرۇپ خۇتبە ئاڭلىسا، بۇ جۈمە بىلەن يەنە بىر جۈمە ئارىلىقىدىكى گۇناھى ۋە بۇنىڭغا يەنە ئۈچ كۈن ئېچىدىكى گۇناھى قوشۇلۇپ ئەپۇ قىلىنىدۇ، كىمكى ئۆز قولى بىلەن ئۇششاق تاشلارنى ئېتىرىۋەتسىمۇ ئورۇنسىز ئىش قىلغان بولىدۇ

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى تاھارىتىنى كامىل ئېلىپ، جۈمە نامىزىغا كېلىپ جىم ئولتۇرۇپ خۇتبە ئاڭلىسا، بۇ جۈمە بىلەن يەنە بىر جۈمە ئارىلىقىدىكى گۇناھى ۋە بۇنىڭغا يەنە ئۈچ كۈن ئېچىدىكى گۇناھى قوشۇلۇپ ئەپۇ قىلىنىدۇ، كىمكى ئۆز قولى بىلەن ئۇششاق تاشلارنى ئېتىرىۋەتسىمۇ ئورۇنسىز ئىش قىلغان بولىدۇ»

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

كىمكى تاھارەتنى پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت ۋە ئەدەپلىرى بىلەن مۇكەممەل ئېلىپ ئاندىن جۈمە نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىتكە كېلىپ، تېنچ ئولتۇرۇپ خۇتبە تىڭشىسا، ئۇ كىشىنىڭ شۇ خۇتبە تىڭشىغان جۈمە نامىزىدىن باشلاپ يەنە بىر جۈمەگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋە بۇنىڭغا يەنە ئۈچ كۈن قېتىلىپ بارلىق كىچىك گۇناھلىرى ئەپۇ قىلىنىدۇ، كىمكى خۇتبە ئاڭلاش جەريانىدا كىچىك تاش چاغلىق نەرسىنى ئېتىشىرىۋەتسە، بۇنىڭ مەنىسى: ئۇ كىشى ئىمام خۇتبە سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتا بىكار ئىش قىلغان بولۇپ، جۈمەنىڭ ساۋابىنى يوق قىلىۋەتكەن بولىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5433